## 10498 ـ تۆگە قۇشى بوغۇزلانسا ئۇنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

تۆگە قۇشىنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئالللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، تۆگە قۇشىنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ، چۈنكى ئالللاھ تائالا ئۇنى بەندىلىرىگە نېمەت قىلىپ بەردى، ئالللاھ تائالا ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى.

گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ سانىنى بېكىتىش قىيىن بولىدۇ، ئەسلى قائىدىدە: ھاراملىقى ئايرىلغان نەرسىلەردىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھارام نەرسىلەرنى مۇنداق بېكىتىش مۇمكىن بولىدۇ:

بىرىنچى: چوشقا. بۇ قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجما بىلەن ھارام قىلىنغان.

ئىككىنچى: شىر، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە، ئىت قاتارلىق مەگەن چىشلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى يېيىش ھارام بولىدۇ.

ئۈچىنچى: بۈركۈت، قارچۇغا، قۇملۇق بۈركىتى، ئۈزۈن قانات بۈركۈت، سا قاتارلىق تىرناقلىق قۇشلارنى يېيىش ھارام بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەلللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەگەن چىشلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋە تىرناقلىق قۇشلارنى يېيىشتىن چەكلىگەن». [مۇسلىم رىۋايىتى 1934-ھەدىس].

تۆتىنچى: ئېشەكنى يېيىش ھارام.

ئەلى رەزىيەلللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەيبەر يىلى ۋاقىتلىق نىكاھتىن ۋە ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلىگەن». [بۇخارى رىۋايىتى 5203-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1407-ھەدىس].

بەشىنچى: يىلان، چايان ۋە ساچقانغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان نەرسىلەرنى يېيىش ھارام.

ئالتىنچى: پاسكىنا نەرسىلەرنى يېيىش هارام.

هالاللىق ۋە هاراملىقتا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئەسلى قائىدە؛ پاكىزلىق ۋە پاسكىنىلىقتۇر. ئىمام شاپىئىيدىن بايان قىلىنىشچە: ئەسلى دېگەن كاتتا ۋە ئومۇم بولىدۇ، بۇنىڭدىكى ئەسلى دەلىل ئاللاھ تائالانىڭ: «پاسكىنا نەرسىلەرنى ئۇلارغا هارام قىلدى»دېگەن ئايىتى ۋە «ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە نېمىنى يېيىشنىڭ هالال بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى: سىلەرگە پاكىز نەرسىلەر هالال قىلىندى» دېگەن ئايىتىدۇر.

شۇنىڭغا ئاساسەن، تۆگە قۇشىنىڭ گۆشى شەكسىز هالال بولىدۇ، پىقهى ئالىملىرى تۆگە قۇشىنىڭ گۆشىنىڭ هالال ئىكەنلىكىگە بىر قانچە ئورۇندا دەلىل بايان قىلغان:

ئا ــ بوغۇزلاش، (هايۋانلارنى راهەتلەندۈرۈش زىكىر قىلىنغاندا)، پىقهى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: گەدىنى قىسقا هايۋانلار گەدىنىدىن بوغۇزلىنىدۇ، تۆگە، تۆگە قۇشى ۋە ئۆردەككە ئوخشاش بوينى ئۇزۇن هايۋانلار جان تومۇرىدىن بوغۇزلىنىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش جاننىڭ چىقىشىغا ئاسان بولۇش ئۈچۈندۇر.

ب ــ ئېهراملىق كىشىنىڭ ئوۋلىغان هايۋىنىنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ. ئىمام شاپىئى مۇنداق دەيدۇ: "ئېهراملىق كىشى تۆگە قۇشى ئوۋلىغان بولسا، ئۇنىڭ جازاسىغا تۆگە ئۆلتۈرۈش كېرەك بولىدۇ." ["ئەلئۇم" 2-توم 210-بەت].

ج ــ بىر جۈزئىگە قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قالغان جۈزئىلىرى هالال بولىدۇ. ئىبنى هەزم مۇنداق دەيدۇ: "بىر كىشى تۇخۇم يېمەسلىككە قەسەم قىلغان بولسا، پەقەت توخۇ تۇخۇمى يېسە قەسىمى بۇزۇلىدۇ، ئەمما تۆگە قۇشىنىڭ ۋە باشقا قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنى يېسە بۇنىڭ بىلەن قەسەم بۇزۇلمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇ هەنىپە، ئىمام شاپىئى ۋە ئەبۇ سۇلايمان قاتارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. ["ئەلمۇهەللا" 6-توم 327-بەت].

پائىدە: پەييۇمىي مۇنداق دەيدۇ: " تۆگە قۇشى دېگەن سۆز، بۇنىڭ ئەركەك ۋە چىشى هەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ". ["مىسباهۇل مۇنىر" 615-بەت].

هەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.